شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 7 - ئاي
10
چارشەنبە
维吾尔文 7月10日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

新疆日報 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24752 - سان بۈگۈن 4 بەت

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئالدىدا مېڭىش، ئۈلگە بولۇش كېرەك

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا ئەڭ يېقىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا مۇلازىمەت قىلىشى ئەڭ بىۋاستە بولۇپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى ھەتتا باشقا ساھەلەردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم يۆنىلىش بەلگىسىلىك رولغا ئىگە.

«مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا جەزمەن ئالدىدا مېڭىشى، ئۈلگە بولۇشى كېرەك، بۇنى مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولى بەلگىلىگەن.» «پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتا، جەزمەن مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك.»

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش كېرەك

ۋاڭ خۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتناشتى

■ يېڭى ۋەزىيەتتە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى كۈچەپ پۇختىلاپ، ئىستىلنى توغرىلاپ ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئۈلگە بولۇپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشتا ئۈلگە بولۇپ، قەتئىي ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۈلگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش كېرەك.

■ باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى باش ۋەزىپە. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار، بىرىنچى قوللار خىزمەت ئىشلىگەندە ئالدى بىلەن ئاتلىق ھالدا پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرى بىلەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بىلەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەپ، سىياسىي مەيدانىنى چىڭىتىپ، سىياسىي پوزىتسىيەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، دائىم پەرقلەرنى توغرىلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغاننى قەتئىي ئۆز پېتى بېجىرىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چەكلىگەننى قەتئىي تو سۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز ئېلان قىلدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىجەي) مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز ئېلان قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى ۋەزىيەتتە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى كۈچەپ پۇختىلاپ، ئىستىلنى توغرىلاپ ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئۈلگە بولۇپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشتا ئۈلگە بولۇپ، قەتئىي ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۈلگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ لېجى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا جەزمەن ئالدىدا مېڭىشى، ئۈلگە بولۇشى كېرەك، بۇنى مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولى بەلگىلىگەن. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا ئەڭ يېقىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا مۇلازىمەت قىلىشى ئەڭ بىۋاستە بولۇپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى ھەتتا باشقا ساھەلەردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا قارىتا مۇھىم يۆنىلىش بەلگىسىلىك رولغا ئىگە. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتا، جەزمەن مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مۇھىم تەجرىبىلەر توپلاندى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، پەقەت پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ سىياسىي ئورگان بولۇشتەك روشەن خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلىغىلى بولىدۇ؛ پەقەت يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتكەندىلا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاندىن باشتىن - ئاخىر توغرا يۆنىلىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپپارات ئىسلاھاتى خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى بېغىشلىسۇن

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

تەپسىلاتى 4 - بەتتە

مەنبەنى توغرا تېپىش پەرقنى توغرا تېپىش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

— ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئۇنىۋېرسال بايان

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

□ مۇخبىرىمىز رېن جياڭ

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان 94 ئورۇن ئەسلى مەقسەت - بۇرچقا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئۈمىدىگە توغرىلىنىپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

■ **ئۆگىنىپ، قايتا ئويلىنىپ پەرقلەرنى تېپىش**

باش تېما تەربىيەسى باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تېپىپ، مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى توغرا تېپىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشتە مەسىلىگە بىۋاستە يۈزلىنىش كېرەك

قىسقا ئوبزور

□ رېن جياڭ

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشنى پۈتكۈل جەريانغا سىڭدۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆزىدىكى مەسىلىنى ھەقىقىي تېپىپ، مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى توغرا تېپىپ، تۈزىتىشنى توغرا نىشان بىلەن تەمىنلەپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى رەھبەرلىك بەنزىسى ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبىلمەجىن پارتگۇرۇپپا رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

تۈمەن چاقىرىملىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە خەلق تۇرمۇشى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدا زىيارەت ①

□ مۇخبىرىمىز شى شىن

ئەمن ئۆيدە ئولتۇرۇش، ئاسفالت يولدا مېڭىش، تۇرۇبا سۈيى ئىچىش، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى مائارىپ ۋە داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىلىنىش... شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەدەتى بولغاچقا، بۇ «پايدا»لار تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ «ئۈلچەملىك سەپلىمە»سىگە ئايلانماقتا.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە: يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر 80%تىن ئارتۇق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە سېلىپ، ئاممىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، يېزىلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ، مائارىپ، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاممىۋى ئەسلىھە تۈرلىرىنى قۇرۇپ چىققان، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئامما بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشكەن.

ھېچقانداق بىر نەتىجە ئاممىنىڭ چېھرىدە جىلۋىلەنگەن كۈلكىدىنمۇ ئارتۇق بولمايدۇ؛ ھېچقانداق بىر خىل بۇرچ خەلقنىڭ بەخت ئارزۇسىدىنمۇ يۈكسەك بولمايدۇ. يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئەسلىگىنىمىزدە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە باشتىن - ئاخىر خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلدى، باشتىن - ئاخىر خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ياخشىلاش گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى، تۈركۈملىگەن ئەمەلىي مەبلەغلەر، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى، خەلققە قولايلىق يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىشلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ گۈزەل كارتىنىسىغا ئايلاندى.

■ **ئەمن ئۆي قۇرۇلۇشى ئەل قەلبىنى ئىللىتتى**

7 - ئاي، دەل شىنجاڭنىڭ قوغۇن - تاۋۇزى تاتلىق، مېۋە - چېۋە خۇش پۇراق بولىدىغان مەزگىلى. قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كونا شەھەر رايونىغا كىرگىنىمىزدە، يېڭىلانغان مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قۇرۇلۇشلارنىڭ تاشقى تاملىرى بىرتۇتاش سۈس قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە سىرلانغان بولۇپ، ھەم رەتلىك، ھەم چىرايلىق ئىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

[ئىلاۋە]

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى زىچ چۆرىدىلىپ، نىشان تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، ئورۇن بەلگىلەش تېخىمۇ ئېنىق بولدى، مۇھىم نۇقتا تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى، تەدبىر تېخىمۇ دەل جايىدا بولدى، خىزمەتلەرنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى سىجىل ئۆستى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئامما پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن كۆيۈنۈشىنى ھېس قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي نەپتىن بەھرىلەندى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش نەتىجىلىرى ھەم تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىدىيەنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچلەرنى مۇجەسسەملەش، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، بۈگۈندىن باشلاپ گېزىتىمىزدە «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدا زىيارەت» مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىندى.